مەركەز يېزا خىزمىتى يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشانى بويىچە ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، قانۇن ـ نىزامغا توغرىلىنىپ، تەدبىرلەرنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى قەتئىي ئۆز قەرەلىدە تاماملاپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشتە «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» ساھەسىدىكى كەمتۈكلۈكنى قەتئىي تولۇقلاپ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار»نىڭ تۇراقلاشتۇرغۇچلۇق رولىنى ھەقىقىي ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتىكى مۇھىمنىڭ مۇھىمى، بىرلا غەيرەت قىلىپ، پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، قېپقالغان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك تاماملاش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، قايتا نامراتلىشىپ كەتكەن ئائىلىلەر ۋە يېڭىدىن پەيدا بولغان نامرات ئائىلىلەرگە ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى ۋاقتىدا ياخشى ئىشلەش كېرەك. ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى مۇقىم ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سىياسىتىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، نامراتلارنى ئازايتىش خىزمىتىنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىشنى چىڭ تۇتۇپ تەتقىق قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتىكى ئەڭ گەۋدىلىك كەمتۈكلۈك «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار»دا. يېزىلارنىڭ ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى سالمىقىنى زورايتىپ، يېزىلارنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تەرتىپكە سېلىش ـ تۈزەشنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، يېزىلارنىڭ مائارىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، يېزىلارنىڭ ئاساسىي قاتلام داۋالاش ـ ساقلىقنى ساقلاش مۇلازىمىتىنى كۈچەيتىپ، يېزىلاردىكى ئىجتىمائىي كاپالەتنى كۈچەيتىپ، يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمىتىنى ياخشىلاپ، يېزىلارنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تۈزەش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: دېھقانلارنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇش ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشنىڭ ئاساسىي تەلىپى، خەلقنى بېيىتىدىغان يېزا ـ كەنت كەسىپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تۈرلۈك ئىختىساسلىقلارنى يۇرتىغا قايتىپ، يېزىلارغا چۈشۈپ ئىگىلىك تىكلەش، يېڭىلىق يارىتىشقا پائال ئىلھاملاندۇرۇپ، دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى نېسى قالدۇرۇشنى تەرتىپكە سېلىش ـ تۈزەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ كىرىمنى سىجىل ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: مۇھىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئۈنۈملۈك تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم ئىش، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى تۇتۇشقا زور كۈچ سەرپ قىلىپ، ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە ئۆلكە باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى باھالاشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان چوڭ ناھىيەلەرنى مۇكاپاتلاش ۋە قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكى ياردەم پۇلى سىياسىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ ئاشلىق تېرىش ئاساسىي كىرىمىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمىنى تۇراقلاشتۇرۇپ، ئاشلىق ھوسۇلىنى مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك. تىرىك چوشقا ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تېزلىتىپ، ئۆلكە ئومۇمىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش ۋە «كۆك ـ تاق»قا شەھەر باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تىرىك چوشقا ئىشلەپچىقىرىشقا يار يۆلەك بولىدىغان تۈرلۈك سىياسەت ـ تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز ـ ئېرىق قۇرۇلۇشىنى تېزدىن ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئامباردا يېڭى پېتى ساقلاش، سوغۇق ساقلاش زەنجىرسىمان ئەشيا ئوبوروتى ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى ئىشقا سېلىپ، سۇچىلىق قۇرۇلۇشى سالمىقىنى زورايتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيەنىڭ «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىگە بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، بەش دەرىجىلىك شۇجىلارنىڭ يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى تۇتۇش مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يېزا ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» سېلىنما سالمىقىنى زورايتىپ، يېزا ـ كەنتلەرنىڭ كەسىپ تەرەققىياتىغا يەر ئىشلىتىش سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىختىساسلىقلار ۋە پەن ـ تېخنىكا تىرىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. يېزىلاردىكى نۇقتىلىق ئىسلاھات ۋەزىپىلىرىنى ياخشى تۇتۇپ، يەر ھۆددىگەرلىك مۇناسىۋىتىنىڭ ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىدا چىڭ تۇرۇپ، يېزا كوللېكتىپ مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش كېرەك. يېزا ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ۋە مۇلازىمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئاساسىي قاتلامغا يۆتكەشكە تۈرتكە بولۇپ، يېزا ـ كەنتلەردىكى زىددىيەت ـ ماجىرالارنى پائال مۇرەسسە قىلىپ پەسەيتىپ، يېزا جەمئىيىتىنىڭ ئىناقلىقى ۋە مۇقىملىقىنى قوغداش كېرەك. يېزىلارنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، دېھقانلارنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىپ، قۇربىنىڭ يېتىشىچە ئىشلەپ، مادارىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، نۆۋەتتىكى جىددىي ئورۇنلاشقا تېگىشلىك ئىشلارنى بىر ـ بىرلەپ ياخشى ھەل قىلىش كېرەك.

دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، قوشۇمچە گوۋۇيۈەننىڭ باش كاتىپى شياۋ جيې 1 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

مەركەز يېزا خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى، ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەر ۋە پىلانى ئايرىم شەھەرلەر، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەندىكى مەسئۇل يولداشلار، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى، ئارمىيەنىڭ ئالاقىدار ئورۇنلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كېلەر يىلى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش تاماملىنىدىغان يىل، بىز جەزمەن «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىشنى پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىدىكى مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەم نۆۋەتتىكى جىددىي ئورۇنلاشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ياخشى ھەل قىلىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش بويىچە «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» ساھەسىدىكى گەۋدىلىك كەمتۈكلۈكلەرنى تېز تولۇقلاپ، ھەم يىراق كەلگۈسى تەرەققىياتقا كۆچەپ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» ساھەسىدىكى ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىپە ۋە ئۇلۇغ خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇپ، مىليونلىغان دېھقاننىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش جەزمەن تاماملايدىغان قاتتىق ۋەزىپە. ئەڭ ئاخىرقى نامراتلىق قورغىنىغا ھۇجۇم قىلىشتا، دىققەتنى «ئۈچ رايون، ئۈچ ئوبلاست» قاتارلىق ئېغىر نامرات رايونلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، گەۋدىلىك مەسىلە ۋە ئاجىز ھالقىلارنى نىشانلاپ، تېخىمۇ كۈچلۈك تەدبىر، تېخىمۇ ئىنچىكە خىزمەت ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك تاماملاش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا، مەسىلە تىزىملىكى تۈزۈپ، تۈرمۇتۈر تۈزىتىپ نۆللەشتۈرۈپ، ئائىلمۇئائىلە ھېساباتقا سېلىشتۇرۇپ تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈش كېرەك. نامرات ناھىيەلەرنىڭ نامراتلىقتىن چېكىنىپ چىقىش ئۆتكىلىنى قەتئىي ياخشى ئىگىلەپ، نامراتلىقتىن چېكىندۈرۈش ئۆلچىمى ۋە تەرتىپىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، سان ـ سىپىردا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، ساختا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى قەتئىي توسۇش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سىياسىتىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىملىقىنى ساقلاپ، نامرات ناھىيەلەر قالپاقنى تاشلىسىمۇ مەسئۇلىيەتنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى تاشلىسىمۇ سىياسەتنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى تاشلىسىمۇ ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى تاشلىسىمۇ نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى تاشلىماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنىڭ تارىخ ۋە ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يېزىلاردا ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاشنى تېزلىتىش دېھقانلار ئاممىسىنىڭ ئەڭ بىۋاستە، ئەڭ تەخىرسىز ئارزۇسى. ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشتىكى كەمتۈكلۈك يېزىلاردا، گەۋدىلىك كەمتۈكلۈك يېزا ئۇل ئەسلىھەسى ۋە ئاممىۋى مۇلازىمەتتە. يېزا ئاممىۋى مۇلازىمەت ئەسلىھە قۇرۇلۇشى سالمىقىنى زورايتىپ، يېزىلارنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تەرتىپكە سېلىش ـ تۈزەشنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، يېزىلارنىڭ مائارىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، يېزىلاردىكى ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دېھقانلار ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى ۋە بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

ئىقتىساد ۋەزىيىتى قانچە مۇرەككەپ بولغانسېرى «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار»غا شۇنچە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. «قولدا ئاشلىق بولسا، كۆڭۈل دەككە ـ دۈككە بولمايدۇ». 1مىليارد نەچچە يۈز مىليون نوپۇسنىڭ تاماق يېيىش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش باشتىن ـ ئاخىر پارتىيەمىزنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم ئىشى. مۇھىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئۈنۈملۈك تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى تۇتۇشقا زور كۈچ سەرپ قىلىپ، ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە ئۆلكە باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى تەكشۈرۈپ باھالاشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمىنى تۇراقلاشتۇرۇپ، ئاشلىق ھوسۇلىنى مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك. تىرىك چوشقا ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تېزلىتىپ، قوتاننى تولۇقلاپ كۆپەيتىپ بېقىش بىلەن يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، تىرىك چوشقىنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ كۆلەملەشتۈرۈپ بېقىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خەلقنى بېيىتىدىغان يېزا ـ كەنت كەسىپلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، دېھقان ئىشلەمچىلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ سىجىل كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار»دىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي گەۋدىنى تۇراقلاشتۇرغاندىلا، ئاندىن ھەر خىل خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇشتا تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

يېزا ئىگىلىكى، يېزا خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى ئاچقۇچ پارتىيەدە. پارتىيەنىڭ «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىگە بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، بەش دەرىجىلىك شۇجىلارنىڭ يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى تۇتۇش مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىكىنى بىلىدىغان، يېزىلارنى سۆيىدىغان، دېھقانلارنى سۆيىدىغان «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتى قوشۇنىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش كېرەك. كاپالەت مېخانىزمىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» سېلىنمىسىغا ئالدىنئالا كاپالەتلىك قىلىپ، يېزا ـ كەنتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ئىشلىتىلىدىغان يەر قىيىنچىلىقى مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ئىختىساسلىقلارنىڭ يېزىلارغا چۈشۈشىگە تۈرتكە بولۇپ، پەن ـ تېخنىكا تىرىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. يېزىلارنىڭ نۇقتىلىق ئىسلاھات ۋەزىپىسىنى ياخشى تۇتۇپ، يېزا ئاساسىي ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا كوللېكتىپ مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇش كېرەك. يېزىلارنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىپ، قۇربىنىڭ يېتىشىچە ئىشلەپ، مادارىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، نۆۋەتتىكى جىددىي ئورۇنلاشقا تېگىشلىك ئىشلارنى بىر ـ بىرلەپ ياخشى ھەل قىلىش كېرەك.

كېلەر يىللىق «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنىڭ نۇقتىلىق ۋەزىپىسى بېكىتىلدى، بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرەيلى.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتى 2019 ـ يىللىق 4 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئاچتى

سىياسىي ـ قانۇن خىزمىتى نىزامىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك

مۇخبىرىمىز **جاڭ يۈنمېي** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتى 2019 ـ يىللىق 4 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئېچىپ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى سىياسىي ـ قانۇن ئورۇنلىرى پارتگۇرۇپپا (پارتكوم)لىرىنىڭ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ سىياسىي ـ قانۇن خىزمىتى نىزامى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى ئاڭلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جۈنجېڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 9 ـ نۆۋەتلىك 8 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، مەملىكەتلىك شەھەر رايونى جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنى زامانىۋىلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقىرى نۇقتىدىن بىرتۇتاش پىلانلاش، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىش، تېپ ئارقىلىق يول باشلاش، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسىي ـ قانۇن، مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىدە شەكىللەنگەن ياخشى تەجرىبىلەرنى ۋاقتىدا قانۇنچىللىق قاتلىمىغا كۆتۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيەسىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: «نىزام»نى ياخشى ئۆگىنىش، ياخشى تەشۋىق قىلىش، ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش بىر تۈرلۈك ئۇزاق مۇددەتلىك مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە. سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى ئىدىيە، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش؛ خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇش، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشى، كادىرلار قوشۇنىنى باشقۇرۇش، تەكشۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش قاتارلىق مېخانىزملارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ تەپەككۇر، ئىدىيەدە يېڭىلىق يارىتىپ، ئىلمىي ئۇسۇلنى ئىگىلەپ، ھەقىقىي تۈردە «نىزام» ھەم ئالاقىدار يانداش تۈزۈملەرنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش؛ خىزمەت تەدبىرلىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «نىزام»نىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەت، ناھىيەلەردىكى ۋاكالەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتى خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى ئاچتى

ۋىلايەت، ناھىيەلەردىكى ۋاكالەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلىشىنى تېز، مۇقىم ئالغا سىلجىتىش كېرەك

مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن**، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز **لياڭ چۈننىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەت، ناھىيەلەردىكى ۋاكالەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتى خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياڭ شىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ۋىلايەت، ناھىيەدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى، رېۋىزىيە كومىتېتلىرى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋاكالەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرما تەلەپلىرىگە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە سىجىل تۈرتكە بولۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ تەلەپنى ۋاكالەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنىڭ پۈتۈن جەريانىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ۋاكالەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ۋاكالەت ئاپپاراتلىرى نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىپ، ۋاكالەت ئاپپاراتلىرى نازارەتچىلىكى تۈزۈلمە ـ مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ۋاكالەت ئاپپاراتلىرى نازارەتچىلىكىنىڭ سۈپىتى، ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: دىققەتنى ۋاكالەت ئاپپاراتلىرىنىڭ «بىرىنچى ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەت»كە مەركەزلەشتۈرۈپ، سىياسىي نازارەتچىلىكنى كونكرېتلاشتۇرۇش، دائىملاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، كۈندىلىك نازارەتچىلىكنى پۇختا، ئەمەلىي ئىشلەپ، «تۆت خىل ھالەت»تىن پايدىلىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ۋاكالەت ئاپپاراتلىرىنىڭ نوپۇزى ۋە ئەۋزەللىكىنى نازارەتچىلىك ئۈنۈم ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك؛ رەھبەرلىك قىلىپ باشقۇرۇش، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش، كۈچلەرنى ماسلاشتۇرۇپ بىر گەۋدىلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، بىرلەشتۈرۈش، ماسلاشتۇرۇش «بىر تاختا شاھمات»نى ياخشى ئويناپ، ۋاكالەت ئاپپاراتلىرىنىڭ ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىر گەۋدىلەشكەن ئايلىنىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش كېرەك؛ ۋاكالەت ئاپپاراتلىرى كادىرلىرىغا ئەلالىرىنى تاللاپ سەپلەپ، ۋاكالەت ئاپپاراتلىرى كادىرلىرىنىڭ ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، كومىتېت ئورگانلىرىنىڭ ۋاكالەت ئاپپاراتلىرى بىلەن كادىرلارنى «تاللاش، يېتىشتۈرۈش، باشقۇرۇش، ئىشلىتىش»نى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ۋىلايەت، ناھىيەلەردىكى ۋاكالەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلىشىغا پۇختا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پۈتۈن ئاپتونوم رايون پۈتۈن رايون ساياھەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا پائال تۈرتكە بولۇپ، ساياھەتچىلىكنىڭ مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، قاتناش، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، مېتېئورولوگىيە قاتارلىقلار بىلەن بولغان يۇغۇرما تەرەققىياتىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، «ساياھەت +» ئارقىلىق ساياھەتچىلىك كەسپ ھالىتىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەرقايسى جايلار ساياھەت مۇھىتىنى كۈچەپ ئەلالاشتۇرۇپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈردى. ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايوننىڭ ساياھەت بازىرى تەرتىپىنى قاتتىق تۈزەش خىزمىتىدىكى 12 تۈرلۈك تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويدى، ھەرقايسى جايلارمۇ مەدەنىيەت ـ ساياھەت بازىرى تەرتىپىنى تەرتىپكە سېلىش سالمىقىنى سىجىل زورايتىپ، مەدەنىيەت ـ ساياھەت كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇردى. ھەرقايسى جايلار «ئۈچ قىيىن بولۇش، بىر راۋان بولماسلىق» مەسىلىسىنى پائال ھەل قىلىپ، ساياھەت ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەنزىرە رايونلىرى، مەنزىرە نۇقتىلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ساياھەتچىلەرنىڭ ئەلا سۈپەتنى ھېس قىلىش تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى.

نۆۋەتتە، شىنجاڭ ئايرودۇرۇم گۇرۇھىنىڭ ھازىر بار بولغان ئۇچۇش لىنىيەسى 264تىن ئاشتى، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق 11 تارماق لىنىيە ئايرودۇرۇمدىن شىنجاڭ سىرتىدىكى 20 شەھەرگە بىۋاستە ئۇچقىلى بولىدۇ. قاتناش تارماقلىرى شىنجاڭغا كىرىدىغان ـ چىقىدىغان تۆمۈريول، تاشيول چوڭ يولى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، شىنجاڭ ئىچىدىكى تاشيول، تۆمۈريول، پۇقرالار ئاۋىياتسىيەسى تورىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تېخىمۇ قولاي بولغان ئىستېرېئولۇق قاتناش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىيات ئاساسىنى مۇستەھكەملىدى.

ھەرقايسى جايلار «ئالاقە تورى +» تەپەككۇرى ئارقىلىق، كۆپ قاتلاملىق ئاقىل ساياھەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، ساياھەت مۇلازىمەت سۈپىتى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى، شۇنداقلا مەنزىرە رايونلىرىنىڭ ماركېتىڭنىڭ دەل جايىدا بولۇشىنى ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنى سانلىق مەلۇمات تىرىكى ۋە تەدبىر بەلگىلەش ئاساسى بىلەن تەمىنلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى «شىنجاڭ ئاقىل ساياھەت تۈرى 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇش لايىھەسى» ھەم «شىنجاڭ ئاقىل ساياھەت تۈرى 1 ـ قارارلىق دەسلەپكى پىلان لايىھەسى»نى تۈزۈپ چىقتى، يىل ئاخىرىدا دەسلەپكى قەدەمدە «بىر يان تېلېفون بىلەنلا شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش» سۇپىسىنى تورغا چىقىرىش ئۆلچىمىگە يەتكۈزدى، 2020 ـ يىلى ساياھەت ئاۋات پەسلى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن «بىر مەركەز، ئىككى سۇپا»نىڭ ئىقتىدار ئېھتىياجىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى پىلانلىدى. نۆۋەتتە، ئۈرۈمچى، ئالتاي، تۇرپان، قەشقەر، قاراماي قاتارلىق جايلاردا ئاقىل ساياھەت سۇپىسى دەسلەپكى قەدەمدە كۆلەمگە ئىگە بولۇپ، ساياھەتچىلىكنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلىدى.

«شىنجاڭدا دۇنيا دەرىجىلىك ساياھەت بايلىقى بار، جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم، ساياھەتچىلەر ئۈزۈلمەي شىنجاڭغا كېلىپ ساياھەت قىلىۋاتىدۇ، بىزنىڭ قىلىدىغىنىمىز تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ، تېخىمۇ كۆپ ساياھەتچىنى شىنجاڭغا كېلىپ ساياھەت قىلىشقا جەلپ قىلىشتۇر» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن نازىر ۋۇ خۋامىن.